2020 - يىل 4 - ئاي
9
پەيشەنبە
维吾尔文 4 月9日

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25026 - سان　بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا، تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئەردوغان بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگودا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپتىن ھال سورايدىغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «يولداش قوشۇلغان قېرىنداش» بىز ئىككى دۆلەت، ئىككى پارتىيەنىڭ ئالاھىدە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بەلگىسى. جۇڭگو تەرەپ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى

# دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دائىملاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى ئاڭلىدى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دائىملاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە - ئۈنۈمى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارادا يۇقۇم سىجىل يامراپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش خەۋپ - خەتىرى كۈچىيىپ، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بېسىمى ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتىدۇ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يېڭى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كەلدى. كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان خەلقئارادىكى يۇقۇم ئەھۋالى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئالدىدا، بىز تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت تاقابىل تۇرۇش ئىدىيە تەييارلىقى ۋە خىزمەت تەييارلىقىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك، سىرتتىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىدە سالماقنى ئاشۇرۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇشتا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىپ، تىرىشىپ يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان - ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش　پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش

# تارىم ئويمانلىقىدا 100 مىليون توننا دەرىجىلىك چوڭ نېفىتلىك - گازلىق بايقالدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مەنشېن 1 - قۇدۇقىنى ئۆلچەپ سىناق قىلىش نەق مەيداندا نېفىت - گاز ئېتىلىپ چىقىپ، فونتاندىن ساقلىنىش لىنىيەسىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. شۇ كۈنى، مەنشېن 1 - قۇدۇقىدا ئون مىللىمېتىرلىق ماي پۈركۈگۈچ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كۈنىگە 624 كۇب مېتىر خام نېفىت، 371 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىنىدى، بۇ، تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى نېفىت - گازنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە مۇھىم، زور بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىدىن — بىر يېڭى نېفىت - گاز ئىستراتېگىيەلىك ئىز باسما رايونى ئېچىلىپ، نېفىت - گاز بايلىقى مىقدارىنىڭ يېڭىدىن 228 مىليون توننا كۆپەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەنشېن 1 - قۇدۇقى شايار ناھىيەسى تەۋەلىكىدە بولۇپ، تارىم نېفىتلىكى تارىم دەرياسى جەنۇبىي قىرغىقى چارلاش يېڭى رايونىغا ئورۇنلاشتۇرغان بىر نۇقتىلىق تەكشۈرۈش قۇدۇقى، ئۇ شىمالىي تارىم بىلەن ئوتتۇرا تارىمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ رايون ئارىسىغا جايلاشقان، نىشانلىق قاتلام بۈگۈنىڭدىن 440 مىليون يىل بۇرۇنقى قەدىمىي دېڭىز فاتسىيەلىك كاربوناتلىق جىنسلىق يەر قاتلىمى بولۇپ، يەر يۈزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 8000 مېترغا يېقىن كېلىدۇ، ئۇ يېرىق ۋە كامارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىشتا بىر قاتار دۇنياۋى دەرىجىلىك قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن. تارىم نېفىتلىكى كاربوناتلىق جىنسلارنى چارلاش - ئېچىش پەن تەتقىقاتىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، گېئولوگىيە نەزەرىيە تونۇشىدا يېڭىلىق يارىتىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش قۇرۇلۇشى مەركەزنىڭ خامچوت ئىچىدىكى مەبلىغىدىن 986 مىليون يۈەن بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش قۇرۇلۇشى بويىچە 2020 - يىللىق 1 - تۈركۈمدىكى مەركەزنىڭ خامچوت ئىچىدە مەبلەغ سېلىش پىلانىنى چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپلىرى، مائارىپ ئاساسى ئاجىز ناھىيەلەردىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر، دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇش يۇغۇرما قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان شەھەرلەر، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇل ئىقتىدار قۇرۇلۇشى، ئەمەلىي قوللىنىشچان تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپلىرىدىن ئىبارەت ئالتە مەخسۇس تۈردىكى جەمئىي 98 تۈرگە مەركەزنىڭ خامچوت ئىچىدىكى مەبلىغىدىن 986 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرغان.

دۆلەت چۈشۈرگەن مەبلەغ سېلىش پىلانىدا، مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتىپى قۇرۇلۇش تۈرى 82 بولۇپ، مەركەزنىڭ خامچوت ئىچىدىكى مەبلىغىدىن 574 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 4010 5G ئاساسىي پونكىتىدا بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇش باشلاندى

### كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بارلىق ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلەر 5G تورى بىلەن قاپلىنىدۇ

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق خەۋەرلەشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈرۈمچىنى يادرو قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا 5G تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشىغا تۈرتكە بولىدىكەن، كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بارلىق ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلەرنى 5G تورى بىلەن قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.

2019 - يىلى ئۈرۈمچى مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى 5G تورىنى سودا خاراكتېرىدە قوللىنىدىغان شەھەر قىلىندى. شۇ يىلى ئۈچ ئاساسىي تېلېگراف كارخانىسى جەمئىي 126 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 5G تورىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى سودا خاراكتېرىدە ئىشلىتىش سىناق نۇقتىسى پونكىتىدىن 518نى قۇردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايون مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

# پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كېرەك

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەبلەغ سېلىش ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، بايلىق تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### چېن چۇەنگو ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىنچىكە تەشكىللەپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا، ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ نورمال بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك



4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۇەنگو ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسى ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي دوكلات زالىدا ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى، ئۆگىنىش، تۇرمۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىمەكتە.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىنجاڭ رايونى قارىمىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەر تۈركۈمگە ئايرىپ مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇش باشلىدى. چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى دەل جايىدا، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا، مائارىپ ئوقۇتۇشنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۇەنگو ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسىگە كېلىپ، سىن سىستېمىسى ئارقىلىق سىنىپ، ياتاق، تەجرىبىخانا قاتارلىق ئوقۇتۇش، تۇرمۇش رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى؛ باشلانغۇچ مائارىپى ئىجتىمائىي پەن سىنىپى، ماركسىزم شۆيۈەنى ئىلمىي دوكلات زالىدا ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى، ئۆگىنىش، تۇرمۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنى ياخشى قوغداش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# 400 مىڭ مو جىغان ئۈچ يىل ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا «كىرىپ ئورۇنلىشىپ» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشىدۇ




**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار جاڭ شياۋلۇڭ، لى جىخاۋ)** تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى بىپايان چۆللۈكتە مەيىن شامال چىقىپ تۇراتتى. چوڭ ئات كۈچىگە ئىگە بىر تىراكتور ئېگىز - پەس، شېغىل بىلەن تولغان قاقاسلىقتا گۈرۈلدەپ كېتىپ باراتتى. تىراكتورنىڭ كەينىگە ئۇلانغان كۆچەت تىكىش ماشىنىسى چۆنەك ئېچىپ، ئورەك كولىسا، كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋاتقان دېھقانلار كۆچەتلەرنى ئورەككە سېلىپ، توپا كۆمۈپ چىڭدايتتى. مۇشۇنداق قىلىپ، تۈپ - تۈپ جىغان كۆچىتى قاقاس چۆللۈككە تىكىلىپ، گىياھ ئۈنمەيدىغان بۇ جايدىكى كۆزگە چېلىقىدىغان مەنزىرىگە ئايلاندى.

«مۇھىتنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي، جىغان كۆچىتى تۇتۇپ كۆكلىيەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئۇچتۇرپاندىن ئەسلىدىنلا جىغان چىقىدۇ.» بۇ ناھىيەنىڭ ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ كادىرى تۇرغۇن قىيۇم بىرنەچچە قۇر ئىنچىكە، ئاجىز كۆچەتلەرنىڭ يېنىدا تۇراتتى، كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى ئۇنىڭ بېلىگىمۇ كەلمەيتتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)